خوتەن گېزىتى

和田报

1987-يىل 10 دېكابىر (پەيشەنبە) 4459-سان

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 3°C ، تۆۋەن تېمپېراتۇرا 7°C بولىدۇ، ئىككى بال شامال چىقىدۇ.

ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلار بىرلىكتە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنى 13-قورۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى

ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى بىرلىكتە ئاچقان ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ 13-قورۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئالتە كۈن داۋام قىلىپ، مۇشۇ ئاينىڭ 5-كۈنى پارتىيە مەكتىپىدە ئاياغلاشتى.

بۇقېتىمقى 1-قارارلىق ئۆگىنىش كۇرسىغا ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلاردىن 41 نەپەر كىشى قاتناشتۇرۇلدى. كۇرس داۋامىدا 13-قورۇلتايدا بېرىلگەن دوكلات ئوقىتىلىپ ئۆگىنىلدى. كۇرسانتلار ئەستايىدىل ئوقۇش، روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا، پارتىيەمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىق ئاساسىي نۇقتىلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى.

كۇرس ئاياغلاشقان ۋاقىتتا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭجېيەنجاڭ مۇھىم سۆز قىلدى.

مۇھەممەد ئىبراھىم مۇسا

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ تۇغى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەيلى ۋە كۈچەيتەيلى

1987-يىل 11-ئاينىڭ 20-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلات

سۇڭ خەنلياڭ

1. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتى ۋە يېڭى قىياپىتى

ئاپتونوم رايون 1982-يىلى 1-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنى ئاچقانىدى. شۇ قېتىملىق يىغىندىن تارتىپ ھازىرغىچە بەش يىل ئۆتتى. بەش يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تۆرلۈك خىزمەتلەردە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇردى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەربىيىنى تېخىمۇ كەڭ ھەم چوڭقۇر ئېلىپ باردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئۇدا بەش يىل قانات يايدۇردى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ ۋە يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى يېڭى قىياپەت باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق بەلگىلىرى مۇنۇلار: ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تېخىمۇ ئورغۇن كىشى ئىگىلىدى، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيە كىشىلەر قەلبىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بىر-بىرىگە ئىشىنىش، بىر-بىرىگە

گەنىدى. جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى كۆپ خىل بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغارلارنى يېتىشتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچىلاردىن بولۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشى نەتىجىسىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە زور بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەيدانغا كەلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ شىلىرى (ئىدارىلىرى) تەقدىرلىگەن ئىلغار كوللېكتىپ 1855كە، ئىلغار شەخس 6450 كە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى ۋە نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنى تەربىيىلىدى ۋە ئىلھاملاندۇردى. ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسى بولۇپ قالدى.

— ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى.

— جەمئىيەت تېخىمۇ تىنچ بولدى، چېگرا مۇداپىئەسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، چېگرا جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى كۈچىيىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

— ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى كۈنسايىن كېڭەيدى، ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى

لىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى (تولۇقسىز ئوتتۇرىدىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) پۈتۈن ئاپتونوم رايون ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن تېز بولدى. پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ئىشلىرىدىمۇ خېلى چوڭ تەرەققىيات بولدى. ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىمۇ خېلى ياخشىلاندى. 1986-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 420 يۈەنگە يېتىپ، 1978-يىلدىكىدىن 3.2 ھەسسە ئاشتى. ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى تەدرىجىي ھەل قىلىندى، سەككىز يىلدىن بۇيان، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 700 مىڭى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شەھەر- بازارلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ نىسبىتى 1979-يىلدىكى 7.4%تىن 1986-يىلى 1.9%كە چۈشتى. نامرات رايونلارنىڭ قالاقلىق قىياپىتىدە خېلى ئۆزگىرىش بولدى، 1986-يىلىلا ئاپتونوم رايون بويىچە 63مىڭ ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامرات ئائىلە ئومۇمىي سانىنىڭ 17.8پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۆزگىرىشلەر مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ياخشى مۇھىتتا قولغا كەلدى، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۆزگىرىشلەر ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

ھازىرقى مەزگىل ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەڭ ياخشى بولغان تارىخىي مەزگىل، تىنچ- ئىتتىپاق بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى تارىخىي مەزگىلى، سىياسىي ۋەزىيەت ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئەڭ ياخشى بولغان تارىخىي مەزگىل.

ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب مۇنۇلار:

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ بەردى، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلار-

ئايدىل ئىزچىللاشتۇردى ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە فا-
ڭجېنىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ ۋە يولغا قويۇپ ، مىللەتلەر ئوتتۇ-
رىسىدا كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەرنى توغرا بىر
تەرەپ قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى يېڭى قىياپەت باسقۇچقا قەدەم قويدى . بۇنىڭ ئاساس-
لىق بەلگىلىرى مۇنۇلار : ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تېخىمۇ نۇرغۇن
كىشى ئىگىلىدى ، «خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماي-
دۇ ، ئازسانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن
ئىدىيە كىشىلەر قەلبىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئالدى . ھەر
مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بىر-بىرىگە ئىشىنىش ، بىر-بىرىگە
ھۆرمەت قىلىش ، بىر-بىرىنى قوللاش ، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىش ،
بىر-بىرىنى چۈشىنىشتەك ئىجتىمائىي كەيپىيات بارغانسېرى قويۇق-
لاشتى ، «ھەممە كىشىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى بولۇش ،
ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش ، ھەممە
كىشى مىللىي سىياسەتنى بىلىش ، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپ-
اقلىقىغا دائىر ياخشى ئىشلارنى قىلىش» تەدرىجىي ھالدا ھەرمىللەت
خەلقىنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا ئايلاندى . ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە
ئاممىسى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى-
نى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ ، بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ
يۈكسەك سىياسىي ئېڭىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلەپ ،
قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئىنتىلىش كۈچىنى نامايەن قىلدى .
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى پۇختا
ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى .

— پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا
ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ئازسانلىق مىللەت كا-
دىرلىرى قوشۇنى ۋە كەسپىي پەن-تېخنىكا قوشۇنى تېز زورايدى .
1981-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئازسانلىق مىللەت كادىرلى-
رىدىن 158 مىڭ 800 ى بار ئىدى ، ھازىر كۆپىيىپ 211 مىڭغا يېتىپ ،
كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 44.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى ، يىلىغا
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى كۆپىيىپ باردى . نۇرغۇنلىغان
ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئو-
رۇنلىرىغا چىقتى . ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى سەپ-
لىرىدە بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىماقتا . 1986-يىلى ئازسان-
لىق مىللەتتىن بولغان ھەر خىل كەسپىي - تېخنىكا خادىملار 121
مىڭغا يېتىپ ، كەسپىي - تېخنىكا كادىرلىرى ئو-
مۇمىي سانىنىڭ 45.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . ئازسانلىق مىل-
لەتتىن بولغان ھەر خىل پەن - تېخنىكا خادىملىرى تۆتنى زامان-
ىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تايانچ كۈچكە ئايلاندى . مىللەتلەر-
نىڭ بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشتىكى
ئاڭلىقلىقى يەنىمۇ ئۆستى ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تىل - يېزىق
ئۆگىنىشى يولغا قويۇلۇپ ، تېخىمۇ كۆپ ئازسانلىق مىللەت كا-
دىرلىرى خەنزۇ تىلىنى ئىگىلەپ ، تېخىمۇ كۆپ خەنزۇ كادىرلار ئاز-
سانلىق مىللەتلەر تىلىنى ئىگىلەپ ، ئۆز خىزمىتىگە قولايلىق يارىتىپ ، ھېسسى-
يات ئالماشتۇردى ، دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇردى ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتتى .

— مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ، ئىل-
غار شەخسلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى . ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى
جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولدى . 1982-
يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 1-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپ-
اقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جە-
ھەتتىكى 183 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 322 ئىلغار شەخس تەقدىرلەن-

ئەگىشىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىجتىما-
ئىي كەيپىيات كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى . ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئىتتىپاقلىقى ، چېگرا جايلارنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئىشلىرى-
نىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇ-
رۇشلۇق قىسىملىرى ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ، ئىشلەپچىقى-
رىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا ،
چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى كۈچىيىپ ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇدا-
پىئەسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى .

— ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ،
مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى كۈنسايىن كېڭەيدى ، ئۆز ئارا چۈشىنىشى ۋە
ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى . ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش ۋە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز
راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بې-
رىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېڭى ۋە تاۋار ئىگىلىكى قارىشى كۆرۈنەر-
لىك ھالدا كۈچەيدى ، شىنجاڭدىكى جايلار بىلەن جايلار ئوتتۇرىسى-
دا ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىدىكى جايلار ئوتتۇرىسىدا ، شىنجاڭ بى-
لەن دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي،
مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەدىكى ئالاقە بارغانسېرى كۆپەيدى . 1986-
يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ 50 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن سودا ، ئىق-
تىساد مۇناسىۋىتى ئورناتتى . 40 نەچچە چەت ئەل مەبلىغى تۈرى كىر-
گۈزدى ؛ شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى 28 ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتو-
نوم رايون ۋە 13 مىنىستىرلىك ، كومىتېت بىلەن توغرا لىنىيىلىك ئىق-
تىسادىي ئالاقە ئورنىتىپ ، جەمئىي 3013 ھەمكارلىق تۈرىنى ئورۇندى-
دى ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەم-
كارلىق تۈرى 500 نەچچىگە يەتتى ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن پەن-تېخنىكا
خادىملىرى ، ھۈنەرۋەن ئۇستىلار شىنجاڭغا تۈركۈملەپ كېلىپ ، شىن-
جاڭنى ئېچىش ، گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشتى . ئاپتونوم رايونىمىز-
دىكى ھەرمىللەت ئاممىسىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ، تۈرلۈك ئىق-
تىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ، شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىنى
گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشتى . مۇشۇنداق ئالاقە داۋامىدا ، ھەرمىل-
لەت خەلقى ئۆز ئارا ئۆگىنىپ ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ،
يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ ، بىرلىكتە ئالغا باستى ، بۇنداق ئۆز
ئارا مۇناسىۋەت ۋە ئالاقە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ، بۇ ، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى .

— ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە
راۋاجلىنىپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پۇختا ئاساس سېلىندى .
پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئۇدا ، مۇقىم را-
ۋاجلاندى ، توققۇز يىلدا سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھ-
سۇلات قىممىتى ، مىللىي دارامەت ، مالىيە كىرىمى ۋە شەھەر -
يېزا خەلقىنىڭ كىرىمى بىر قاتلاندى . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق-
تا ئۇدا ئون يىل مول ھوسۇل ئېلىندى ، كۆپلەپ ئاشلىق كىرگۈ-
زۈش سىرتقا ئاشلىق يۆتكەپ بېرىشكە ئۆزگەردى . ئىقتىسادىي ئە-
مەلىي كۈچىمىز كۆرۈنەرلىك ھالدا كۈچەيدى . يۆتكەپ چىقارغان
ماددىي ئەشيا يۆتكەپ كىرگەن ماددىي ئەشيادىن زور مىقداردا ئې-
شىپ كەتتى . مالىيە كىرىمى ئۇدا بەش يىل يىلىغا 100 مىليون
يۈەندىن ئېشىپ باردى . مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاج-
لاندى ، 1986-يىلى ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدىن ئالىي مەكتەپ-
كە كىرىپ ئوقۇۋاتقانلارنىڭ سانى مەملىكەت بويىچە 9-ئورۇندا
تۇردى ، تولۇق ئوتتۇرا ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان-
لارنىڭ سانى مەملىكەت بويىچە 1-ئورۇندا تۇردى . ئاز سان-

كىرى سۈردى .

ھازىرقى مەزگىل ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقى ئەڭ ياخشى بولغان تارىخىي مەزگىل ، تىنچ - ئىتتىپاق بولۇش-
نىڭ ئەڭ ياخشى تارىخىي مەزگىلى ، سىياسىي ۋەزىيەت ۋە ئىقتى-
سادىي ۋەزىيەت ئەڭ ياخشى بولغان تارىخىي مەزگىل .

ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە مۇ-
شۇنداق ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب
مۇنۇلار :

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن توغ-
را فاڭجېن ، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ بەردى ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر
خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلار-
نى بەردى . دېڭ شياۋپىڭ ، جاۋ زىياڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار
شەخسەن ئۆزى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ ، ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى .

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك
پارتىيە تەشكىلاتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى پارتىيە
خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇردى . ھەر دەرىجىلىك
ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى
باشلامچىلىق بىلەن تۇتۇپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى باشلامچىلىق
بىلەن كۈچەيتتى . بولۇپمۇ يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئورۇندىن بۇيان
ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسى-
تىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئەمەلى-
يەت داۋامىدا مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە مول تەجرىبە توپلىدى .
ئۇ ، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئاپتونوم
رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆپ-
لەپ ئىنچىكە ۋە ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . ئۇنىڭ
مول تەجرىبىسى بىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يەنىمۇ
ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىق .

بەش يىلدىن بۇيان ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى
جايلىرىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ، ئىلغار
شەخسلەر كۆپلەپ بارلىققا كەلدى . ئۇلار تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا
چىڭ تۇرۇش ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ، مارك-
سىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلەش ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى-
نى ئىجرا قىلىش ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر
تەرەپ قىلىش ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
قوغداش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسەتتى ؛ ئۇلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ،
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېڭى ۋە تاۋار ئىگىلىكى قارىشىنى تىكلەش ،
سوتسىيالىستىك ئەخلاق-پەزىلەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش ، مىللەتلەرنىڭ
ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان كونا ئىللەتلەرنى تۈ-
گىتىش ، كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش ، سوتسىيالىستىك مە-
نىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسەتتى ؛ ئۇلار
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك
ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ، باشلامچىلىق بىلەن تا-
ۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بې-
يىشىغا ياردەم بېرىش ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-
شىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسەتتى ؛ ئۇلار ھەر مىللەت ئام-
مىسى بىلەن ئىناق ئۆتۈش ، سەمىمىيلىك بىلەن ئالاقە باغلاش ،
جان-دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ، ھەر-
مىللەت خەلقىنىڭ غەم ئەندىشىسىنى ئازايتىش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسەتتى .

(ئاخىرى 2-بەتتە)

(بېشى 1-بەتتە)

2. بەش يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق تەجرىبىلىرى

1982-يىلى ئاپتونوم رايون چاقىرغان 1-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ تۈپ تەجرىبىلىرى ئەستايىدىل يەكۈنلەنگەنىدى، بۇ تەجرىبىلەر ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تەشۋىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى توغرا تىكلەش؛ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش؛ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش؛ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، مىللەتلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى تۇتۇشقا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش، ھەر مىللەتتىن بولغان رەھبەرلەر ئۆزلىرى ئۈلگە كۆرسىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ تۈپ تەجرىبىلەر ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە يەنىلا رېئال يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر قايسى ساھەلەردىكى ۋەزىيەتتە يېڭى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگىمۇ يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى، بۇ تۈپ تەجرىبىلەر ئەمەلىيەت داۋامىدا تولۇقلاندى ۋە راۋاجلاندى.

(1) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش

شىنجاڭ چەت چېگرا رايون ھەم كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم رايونى، ھازىر 47 مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق مىللەت 13، ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش—شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ كاپالىتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم ئومۇمىيلىق. 30 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قايسى چاغدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى يولغا قويۇلسا، شۇ چاغدا جەمئىيەت تىنچ، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلار ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندى، قايسى چاغدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى يولغا قويۇلمىسا، شۇ چاغدا بارلىق خىزمەت ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەم ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ھەقىقىي تۈردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ

پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىمىز — پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى كاپالەتلىكىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىياسىي ئاساسى.

بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي، تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتتۇق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت قارىشى، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش توغرىسىدا دائىم، چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ باردۇق. مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشىدا توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇردۇق، تارىخنى بۇرمىلايدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىسىز بولمىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بەزى سۆز ۋە خاھىشلارنى ۋاقتىدا توغرا يولغا يېتەكلىدۇق ھەم ئۇلارنى ۋاقتىدا تەنقىد قىلدۇق. ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىپ، ھەم چوڭ مىللەتچىلىككە، ئاساسلىقى، چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇردۇق، ھەم يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇردۇق، ئاساسىي قانۇنغا ۋە مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا زىت سۆزلەرگە ۋە ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇردۇق. ھازىر مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت — ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈپ پايدا-زىيان توقۇنۇشى يوق. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بەزى مەسىلىلەردە، ھەم پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەم توغرا فاڭجېن قوللىنىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ، ئاممىغا خىزمەت ئىشلەپ، ئاممىنى پائال يېتەكلەپ، بۇ مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلدۇق. بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىدىغانلا بولساق، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ باشتىن-ئاخىر توغرا يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا چەزمەن كاپالەتلىك قىلالايمىز.

(3) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر قاتار مىللىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھۆكۈمەت تارماقلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنى پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلدى. ھەر يىلى

1986-يىلغىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، كادىرلار مەكتەپلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ۋە ئىچكىرىدىكى جايلارغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىش ئۇسۇلى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 68 مىڭدىن كۆپرەك ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى تەربىيىلەپ چىقتۇق؛ ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى پائال تۈردە ياخشى ئىشلىدۇق، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 225 مىڭ بولۇپ، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 38 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

بىز پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي زاتلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتتۇق، سىياسىي جەھەتتە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، تۇرمۇش جەھەتتە ئۇلارغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى جەھەتتىكى ئالاھىدە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردۇق. تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدىدۇق، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، بۇددا دىنى جەمئىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق ۋە قۇردۇق، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنى قۇردۇق، بۇنىڭ بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن نورمال يولغا سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ كاپالەتلىك قىلىندى.

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىندى، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىلىپ، گېزىت، رادىيو، تېلېۋىزورلاردا ۋە نەشرىيات ئىشلىرىدا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە قاتارلىق كۆپ خىل تىل-يېزىق قوللىنىلدى.

(4) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قەتئىي بوشاشماي ئېلىپ بېرىش

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتى—مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى بىر تۈرلۈك ئاساس سېلىش خىزمىتى. شۇنداقلا چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىشلىنىدىغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت، مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى ئىدىيە نۇقتىئىنەزەر قانداق بولسا، سۆز ۋە ھەرىكەتمۇ شۇنداق بولىدۇ. 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى تەربىيە ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئىدىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە خاس ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا قايتا-قايتا، چوڭقۇر، ئۈزلۈكسىز تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللىرىمىز مۇنداق بولدى:

1983-يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئۇدا بەش يىل «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق، ھەر يىلى ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتتە مەركەز بولۇش، يېڭى مەزمۇن بولۇش، يېڭىلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق، ھەر يىلى 5-ئايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتنى تۇتتۇق، 5-ئايدىكى پائالىيەت ئارقىلىق، پۈتۈن يىللىق خىزمەتنى ئىلگىرى سۈردۇق،

ئىلىك تۇپ مەنپەئەتى ۋە ئىستىقباللىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم ئومۇمىيلىق. 30 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قايسى چاغدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى يولغا قويۇلسا، شۇ چاغدا جەمئىيەت تىنچ، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلار ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندى، قايسى چاغدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى يولغا قويۇلمىسا، شۇ چاغدا بارلىق خىزمەت ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەم ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ھەقىقىي تۈردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتتى. ھەر يىلى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى چەزمەن ئورۇنلاشتۇردى؛ خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى چەزمەن تەكشۈردى؛ خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىغاندىمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى چەزمەن خۇلاسىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ھەر مىللەت كادىرلىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇش، ھەر قانداق ۋاقىتتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە سەل قاراسلىق ۋە ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بەردى ھەم ئۇلاردىن شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە تارماقلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، سودا، مائارىپ ساھەسى قاتارلىق ساھەلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈپ، بارلىق خىزمەتلەرنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندۇردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتىنى دائىم تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلدى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆزلۈكسىز يەكۈنلىدى.

پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاچقۇچى. پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئوبدان يولغا قويۇلسا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچلۈك يادروغا ئىگە بولىدۇ. ھەر مىللەتتىن بولغان پارتىيىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپلا قالماستىن، ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىمۇ نەمۇنىلىك ھالدا ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاكتىپ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولدى. ھازىر، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى نەمۇنىلىك ھالدا ئىجرا قىلغان- قىلمىغانلىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەن-كۈچەيتمىگەنلىكىنى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈك بولغان-بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى ۋە كادىرلارنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش ئەھۋالىنى ئۆلچەش، كادىرلارنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىۋاتىدۇ.

(2) تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۈپ ئاساسىي

ئاخىر توغرا يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا چەزمەن كاپالەتلىك قىلالايمىز.

(3) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر قاتار مىللىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھۆكۈمەت تارماقلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنى پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلدى. ھەر يىلى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى بىر قېتىم مەركەزلىك ھالدا تەكشۈرۈپ، مەسىلىلەرنى بايقاپ، ۋاقتىدا تۈزەتتى.

1984-يىلى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بىز ئۇنى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، كۆپچىلىكنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردۇق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى رەھبىرىي خادىملارنىڭ تەركىبىنى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا قاتنىشىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ نىسبىتىنى تەڭشەپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتۇق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتۇق، يەرلىك مائارىپنى باشقۇرۇش، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزدۇق، دۆلەتنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدە غەمخورلۇقىغا ئېرىشتۇق.

بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇردۇق. 30 نەچچە يىل تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق، كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ئۆسۈپ يېتىلدى ۋە زورايدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا ۋە ئۇلارغا قاراشلىق خىزمەت تارماقلىرىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سەپلەندى. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى قۇرۇلۇشىدا، ئاساسلىقى، مۇنۇ ئۇسۇللارنى قوللاندۇق: بىرىنچىدىن، ھەم ئەخلاق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى دادىل ئۆستۈرۈپ، دادىل ئىشقا قويۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈردۇق؛ ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋەزىپىدە تۇرغۇزۇپ تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردۇق.

... خاس ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا قايتا-قايتا چوڭقۇر، ئۇزاققىچە تەشۋىق- تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللىرىمىز مۇنداق بولدى:

1983-يىلىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئۇدا بەش يىل «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق، ھەر يىلى ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتتە مەركەز بولۇش، يېڭى مەزمۇن بولۇش، يېڭىلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق، ھەر يىلى 5-ئايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتنى تۇتتۇق، 5-ئايدىكى پائالىيەت ئارقىلىق، پۈتۈن يىللىق خىزمەتنى ئىلگىرى سۈردۇق، مەركەزلىك تەربىيە بىلەن دائىملىق تەربىيىنى بىرلەشتۈردۇق.

تەربىيىنى قاتلاملار بويىچە نۇقتىلىق ھالدا ئېلىپ باردۇق. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك كادىرلار پارتىيە مەكتىپىدە تەربىيىلىنىش، كىتاب ئوقۇش كۇرسى، ئۆگىنىش كۇرسلىرىدا ئوقۇش ۋە ھەر خىل شەكىل قوللىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى بىرقەدەر سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە خاس بەزى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەدرىجىي چۈشىنىپ ۋە ئىگىلەپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرى — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىشنىڭ مۇھىم ئوبيېكتلىرى، ئۇلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق زور پىلانى. شۇڭا ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملار ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى دەرسلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەسىس قىلدۇق، ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا ھەر خىل شەكىلدىكى مىللەتلەر دوستلۇقى پائالىيىتىنى دائىم قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرىنى كىچىكىدىن تارتىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىگە ئىگە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسىنى تىكلەيدىغان قىلدۇق. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى پائال يېتەكلەپ ۋە تەشكىللەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە لېكسىيە سۆزلەش، دوكلات بېرىش، سەردىشىش يىغىنلىرىنى ئاچتۇق، مىللەتكە ئائىت بىلىملەر مۇسابىقىسى، ئىككى خىل تىلدا سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدۇق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەزمۇن قىلىنغان رەسىم كۆرگەزمىلىرى، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىلىرى ئاچتۇق، ئەدەبىيات-سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش، ئۆز ئارا مېھرى-شەپقەت يەتكۈزۈش، قوشماق بولۇش، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق دوستلۇق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردۇق.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت جامائەت پىكرى-تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتتۇق ۋە ياخشىلىدۇق. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات، نەزەرىيە، ئاخبارات، نەشرىيات ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى تەشۋىقاتنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى قىلىپ، دائىم مىللەت نەزەرىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت مەخسۇس سىتونلارنى ئېچىپ، مەخسۇس تېمىدا ماقالىلارنى يېزىپ، مەخسۇس تېمىدا دوكلاتلارنى ئويۇشتۇرۇش، مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت كىتاب، ژۇرناللارنى نەشر قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كادىرلار ۋە ئاممىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى.

(ئاخىرى 3-بەتتە)

(بېشى 2-بەتتە)

(5) كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ماددىي ئاساسىنى كۈچەيتىش

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش — پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش — ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ يولى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى.

ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، زاپاس كۈچنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردۇق. 6-بەش يىللىق پىلان مەزگىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئەڭ تېز راۋاجلانغان، خەلق ئەڭ كۆپ نەپ ئالغان مەزگىل بولدى. 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى توققۇز يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ئەڭ زور بولغان، يېڭىدىن كۆپەيگەن مۇقىم مۈلكى ئەڭ كۆپ بولغان مەزگىل بولدى. 1986-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ جەمئىي 14 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇ، ئىلگىرىكى 26 يىلدا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 1.1 ھەسسىسىگە باراۋەر، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ۋە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى 8433 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تايانچ تۈر 20 گە يەتتى. گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە زور مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلتۈرۈلدى. نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى ھەسسىلەپ ئاشتى. رەڭلىك مېتاللارنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە يېڭى بۆسۈش بولدى.

بىز ھەر مىللەت خەلقىنى ئىمكان قەدەر تېز بېيىتىشنى خىزمەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى قىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدۇق. 1986-يىلى ئارقا-ئارقىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى، شىمالىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنى ۋە بىڭتۈەننىڭ چېگرىغا جايلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىنى ئېچىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئەھۋالى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشنىڭ ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى، تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلدۇق. ھەر قايسى كەسىپلەر، ھەر قايسى ساھەلەر نامرات رايونلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تېزرەك بېيىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مالىيە [illegible] بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئورغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. بۇ مەبلەغ بىلەن [illegible] 150 مىڭ تونا [illegible] 60 مىڭ تونا [illegible] 10 مىڭ تونا [illegible]

(8) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى تەرەققىيات. 1982-يىلى ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار پوسكام ناھىيىسىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، پوسكام ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىدا تەشكىللىك ۋە پىلانلىق ھالدا جوش ئۇرۇپ قانات يايدى. ھازىرغا قەدەر قەشقەر، ئالتاي ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا پوسكام، مەكىت، مارالبېشى ۋە بۆرچىن، تولى ناھىيىلىرىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ناھىيە دەپ نام بەردى. نۇرغۇن جايلار ۋە ئورۇنلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش، «ئۈچتە ياخشى بولۇش، بېرىدىن ئۆگىنىش» پائالىيىتى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان، ئۈنۈملۈك بولغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ پائالىيەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، شەھەر ۋە يېزا خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتىنى ياخشىلاش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

3. پارتىيە 13-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش كېرەك

پارتىيىمىزنىڭ مەملىكەتلىك 13-قۇرۇلتىيى دېموكراتىك قۇرۇلتاي، ئىتتىپاقلىق قۇرۇلتىيى، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن قۇرۇلتاي، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش قۇرۇلتىيى بولدى. شۇنداقلا پارتىيىمىز 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن بۇيانقى يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە قۇرۇلتاي بولدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا، مەملىكىتىمىزدە توققۇز يىلدىن بۇيان بارلىققا كەلگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ۋە قولغا كەلگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەستايىدىل يەكۈنلەندى، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى [illegible] تونۇۋېلىندى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى ئىلمىي يوسۇندا يىغىنچاقلاندى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، پارتىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي فاڭجېنى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ئاساسىي فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئاساسىي فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مەركەزنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي پارتىيىمىز تارىخىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئابىدە ۋە [illegible] يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ مەملىكەتلىك 13-قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «دۆلىتىمىز — [illegible]

ئەستايىدىل تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

يولداش جاۋ زىياڭ يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئومۇمىي تەلەپكە ئاساسەن، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسلىق ۋەزىپىمىز مۇنداق:

(1) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىق-تەربىيىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش لازىم

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا تەشۋىق-تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىش — ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. ھەر مىللەتتىن بولغان كادىرلار ۋە ئاممىغا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت قارىشى، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش كېرەك. تارىختىن قېپقالغان مىللىي بىر تەرەپلىمە قاراشتىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق خاتا سۆز-ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى پىپەن قىلىش كېرەك. پارتىيىلىك كادىرلارغا بولغان تەربىيىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئالدىن ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ كېلەر يىلى «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى» دېگەن كىتابنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشىنى قارار قىلدى. جايلار، ئورۇنلار بۇ ئىشقا ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ، ئۇنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىتاب ئوقۇش كۇرسى، نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشتەك خىلمۇخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل ئويۇشتۇرۇشى كېرەك. پارتىيىلىك كادىرلارنى ئىدىيە جەھەتتە تۆۋەندىكى بىرنەچچە كۆز قاراشنى ھەقىقىي تىكلەيدىغان قىلىش كېرەك: بىرىنچى، پارتىيىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى تامامەن بىردەك، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆز مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىردەك. قايسى بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئۈستىگە قويماي، بەلكى ھەر قانداق چاغدا پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىر، قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پرولېتارىيات پارتىيىۋىلىكىدە، چىن دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئىككىنچى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مىللەتلەر مەيلى چوڭ بولسۇن، ياكى كىچىك بولسۇن، ھەممىسى بىردەك باراۋەر بولۇشى كېرەك. چوڭ مىللەت، بولۇپمۇ خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇنى قوغدىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە قاتتىق رىئايە قىلىشى كېرەك. باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان، ھۆرمەتلىمەيدىغان ھەر قانداق سۆز-ھەرىكەتكە قەتئىي [illegible]

... ۋە چارۋىچىلىقنى را-
يونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشنى ئاچقىن، سىياسەت-
لىرى ، تەدبىرلىرىنى ئەسلا يەڭگىل موھىم قىلدۇق . ھەر قايسى
كەسىپلەر ، ھەر قايسى ساھەلەر ئامرات رايونلارغا ياردەم بېرىش خىز-
مىتىنى كۈچەيتتى . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت ، بىر ئوب-
لاستتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تېزدىن بېيىشىگە ياردەم بېرىش ئۈ-
چۈن ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەن مالىيە كۈچى بىر قەدەر
قىس بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ، كۆپلىگەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى .
بۇ مەبلەغ بىلەن پوسكام ناھىيەسىدە 150 مىڭ توننا نېفىت تاۋلاش ئىقتى-
دارىغا ئىگە نېفىت زاۋۇتى ، 60 مىڭ توننا پىرەدىمە ئاممىياك ئىشلەپ
چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە پىرەدىمە ئاممىياك زاۋۇتى ۋە 10 مىڭ توننا
نېفىت گازى، سۈيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى زاۋۇتى قۇرۇلۇۋاتىدۇ .
بۇ ئۈچ قۇرۇلۇش 1989-يىلى مۇددەتتىن ئىلگىرى پۈتكەندىن
كېيىن ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت ، بىر ئوبلاستنىڭ ئىق-
تىسادىي ئەھۋالى ۋە ئامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى زور دەرىجىدە
ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ .

(6) ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ ، مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش — دۆلىتىمىزنىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تۈپ سىياسىتى . بىر رايون ، بىر مىللەت ئۆزىنى قاچە بېكىنمە ھالەتتە ، كونىنى-كونى ئامال قىلىش ھالىتىدە تۇرۇۋەرسە ، چىقىش يولىغا ئىگە بولالمايدۇ ، ئالغا باسالمايدۇ . بىر مىللەت راۋاجلىنىش ، ئالغا بېسىش ئۈچۈن ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشى ، ئۆزىدىن ئىشىكنى باشقا مىللەتكە ، باشقا رايونغا ۋە باشقا دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشى ، شۇ ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنى ھەقىقىي ئوچۇق مىللەتكە ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىدىغان مىللەتكە ئايلاندۇرۇشى لازىم.

ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى چوڭقۇر تونۇتتىكى ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش — شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى باياشات قىلىش ، ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى . يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك .

(7) قىسىم ، بىڭتۇەن ۋە مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش

خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار خەنزۇلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ئورۇن بولۇپ ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى — مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. قىسىم ، بىڭتۇەن ۋە مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

لۇشىيەنى ئىلمىي يوسۇندا يىغىنچاقلاندى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، پارتىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىراتېگىيىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي قائىدىنى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ئاساسىي قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئاساسىي قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، مەركەزنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى . بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي پارتىيىمىز تارىخىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامايەندە ۋە دەۋىرسىدە راپ يېزىش قىلىشىمىزنىڭ يېڭى باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 13-قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى : «دۆلىتىمىز — كۆپ مىللەتلىك دۆلەت . ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئالغا سۈرۈش — دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار چوڭ مەسىلە . مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش كېرەك . مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ ، باراۋەرلىك ، ئىتتىپاقلىق ، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش . پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرگە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىزچىل ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك .» بۇ ھۆكۈم دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكى، مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت كۆلىمىنىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىشغال قىلىدىغانلىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچە ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى بىر قەدەر نامرات جايلاردا ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئەھۋالغا ئاساسەن چىقىرىلغان. بىز چوقۇم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

مىللىي مەسىلە — سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي مەسىلىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، مىللىي مۇناسىۋەت ۋە مىللىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق : بىر تەرەپتىن ، مىللىي زۇلۇم، مىللىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىپ ، مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىنى تۈپتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، باراۋەرلىك ، ئىتتىپاقلىق ، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورناتتۇق. يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىزمدا ئۆزى تۇرەلگەن كونا جەمئىيەتتىن قالغان بەزى داغلار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە تارىختىن قېپقالغان پەرقلەر، يەنىلا بىر قەدەر گەۋدىلىك بولىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئىقتىسادىي مەنپەئەت قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغۇسىز ھالدا بەزى يېڭى سۈركىلىشلەر ۋە زىددىيەتلەر كۆرۈلىدۇ. مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى بەزى خاتا نەزەرىيە ۋە خاتا ئىدىيەلەرنى پۈتۈنلەي تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ، چەت ئەللەرنىڭ بەزى چىرىك نەرسىلىرى، بولۇپمۇ دىنىنى پاسىپ تەسىرىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى جەھەتتە بەزى يېڭى مۇرەككەپ ئامىللارنى پەيدا قىلىدۇ . بىز چوقۇم سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇپ، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەس-

[illegible] پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىر، قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پرولېتارىيات پارتىيىۋىلىكىدە، جان-دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئىككىنچى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مىللەتلەر مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ھەممىسى بىردەك باراۋەر بولۇشى كېرەك. چوڭ مىللەت، بولۇپمۇ خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇنى قوغدىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە قاتتىق رىئايە قىلىشى كېرەك. باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان، ھۆرمەتلىمەيدىغان ھەر قانداق سۆز-ھەرىكەتكە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك. شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخوا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدە ئورتاق ياشايدۇ، بۇنى ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخ شەكىللەندۈرگەن. ھەر مىللەت خەلقى ئۆز تەقدىرىنى ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدۇ. شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلايدىغان ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق سۆز-ھەرىكەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە تۈپ مەنپەئەتىگە خىلاپ ، شۇنداقلا ئىنتايىن خاتا. تۆتىنچى ، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك . بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى بىلەن ماركسىزم تۈپتىن قارىمۇ-قارشى . كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان چوڭ مىللەتچىلىك ۋە يەرلىك مىللەتچىلىكنى تۈگىتىش كېرەك ، ئۆگىنىش ، تەربىيە بېرىش ، يېتەكلەش ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدتىن ئىبارەت توغرا ئۇسۇلنى قوللىنىپ ، ئۇنى ھەل قىلىش كېرەك .

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى قەتئىي ، بوشاشماي ئېلىپ بېرىش كېرەك . بۇ پائالىيەت ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسىي جەھەتتىن تۈزۈم بولۇپ شەكىللىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ، جايلار ، ئورۇنلار داۋاملىق ھالدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ، دائىملىق تەربىيە بىلەن مەركەزلىك تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈپ ، ئۇنى پارتىيىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى مەركىزىي خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىق-تەربىيە خىزمىتىنى ھەر يىلى مۇھىم ئۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ۋە يىل بويى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، پەيدىنپەي تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇش كېرەك . تەشۋىق-تەربىيە داۋامىدا، تارىختىكى ۋە رېئاللىقتىكى ئۇرغۇن جانلىق مىساللاردىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، ھەر مىللەتتىن بولغان كادىرلار ۋە ئاممىغا «ئىككى ئايرىلماسلىق» ئىدىيىسى ھەققىدە تەربىيە بېرىپ ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەت بىللە ياشاش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتەك ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقنى ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك . «ئىككى ئايرىلماسلىق» ئىدىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە كىشىلەر مېڭىسىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغۇزۇپ ، «بەش ئۆز ئارا» (ئۆز ئارا ئىشىنىش ، ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا قوللاش، ئۆز ئارا چۈشىنىش)ۋە «تۆت ھەممە» (ھەممە كىشىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى بولۇش، ھەممە

(ئاخىرى 4-بەتتە)

(بېشى 3-بەتتە)

كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش ، ھەممە كىشى مىللىي سىياسەتنى بىلىش ، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە ياخشى ئىش قىلىش) دىن ئىبارەت ئىجتىمائىي خىسلەتنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك . ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك .

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك . ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەر مىللەت نەزەرىيىسى ، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دەرسىنى داۋاملىق تەسىس قىلىشى كېرەك . مىللىي مەكتەپ بىلەن خەنزۇ مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈشنى ۋە مىللىي مەكتەپلەر بىلەن خەنزۇ مەكتەپلەر ئارا تۈرلۈك شەكىلدىكى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ ، ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرىنى كىچىكىدىنلا قويۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى بىلەن تولغان شارائىتتا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ ، ئۇلارنىڭ گۆدەك قەلبىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىش كېرەك .

تەشۋىقات ، مەدەنىيەت ، ئاخبارات ، نەشرىيات تارماقلىرى قاتارلىق جامائەت پىكرى تارماقلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلىشنى دائىملىق مۇھىم خىزمەت قىلىپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى ياخشى ئادەم ، ياخشى ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە كەڭ كۆلەمدە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە ياخشى ئىش قىلغانلارنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولۇش ، چەكسىز شەرەپ ھېس قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ تەنقىد قىلىشى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرىشى كېرەك . ئۇلارنى ئوڭشىمىسا قالدۇرۇش لازىم . كۈچلۈك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر دوستانە ئۆتىدىغان ، ئىناق ئۆتىدىغان ۋە ئۆز ئارا ئىشىنىدىغان كەيپىيات ۋە مۇھىتنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا بەرپا قىلىش كېرەك .

جايلار ۋە ئورۇنلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ ، قاتلاممۇ-قاتلام مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىلىرىنى تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلىشى كېرەك . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ، بۇ جەھەتتە ئۈنۈملۈك پىلان ۋە تەدبىر تۈزۈپ ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇش كېرەك . ئامما تۈزگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت يېزا قائىدىسى ۋە خەلق ئەھدىنامىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەم ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە بولغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈلۈشتە ۋە ئۇنىڭغا نام بېرىشتە يۇقىرى ئۆلچەمدە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ، بۇ پائالىيەتنىڭ ...

سىيالىزم توغرىسىدا ، ئاساسىي قانۇن ، قانۇن ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم . دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەج قىلىش ئىشىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك . دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم . دىننىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ، ئەدلىيە ، مائارىپ ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ . بىكار قىلىنغان دىنىي فېئودال ئىمتىيازنى ، دىنىي زۇلۇم تۈزۈمىنى ۋە دىنىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ ؛ دىندىن پايدىلىنىپ ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشقا ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. چەت ئەللەردىكى دىنىي دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم .

(3) ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم

پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى . بىز 13-قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، « ئىقتىسادنى يەنىمۇ مۇقىم قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش ، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش » فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ۋە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ ، ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ ، ھەر مىللەت خەلقىنى تېزلىكتە بېيىتىشىمىز لازىم .

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ چىقىش يولى — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا . بىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى داۋاملىق كۈچەيتىپ ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇدا ئون يىل مول ھوسۇل ئالغان ئاساستا ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئۇدا ئاشۇرۇش ۋەزىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشىمىز، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشىشىمىز كېرەك. كېلەر يىلدىن باشلاپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىككىنچى ئون يىلدىمۇ ئۇدا مول ھوسۇل ئالىدىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك . ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا 1990-يىلغا بارغاندا ، شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا [illegible] قۇتۇلۇش ۋە شىنجاڭ بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك . ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش شەرتى ئاستىدا ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى داۋاملىق ، مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ ، ئىجا-

بۇنى 30 نەچچە يىللىق تارىخ ئىسپاتلىدى .

ھازىرقى باسقۇچتا ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ ، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغانلىرىمۇ بار ، لېكىن ، ئۇلار ئىنتايىن ئاز ساندا . شۇڭا ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشىمىز ، ئوخشاش بولمىغان فاڭجېن ۋە ئۇسۇل قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم . خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ ، ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ قويساق ، چاتاق چىقىدۇ ، خاتالىق سادىر قىلىپ قويىمىز . ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بۇ مەسىلىدە مېڭىسىنى ئىنتايىن سەگەك تۇتۇشى لازىم .

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەندە ، ئۇنى توغرا فاڭجېن ۋە ئۇسۇل قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك . مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەندە ، ھەر مىللەت كادىرلىرى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاممىغا خىزمەت ئىشلىشى كېرەك . خەنزۇ رەھبىرىي كادىرلار خەنزۇ ئاممىغا كۆپرەك خىزمەت ئىشلىشى ، ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا كۆپرەك خىزمەت ئىشلىشى لازىم . ھەممىسى پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە سىياسىتى مەيدانىدا تۇرۇشى ، مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئادىل بولۇشى ، دۇرۇس بولۇشى لازىم .

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەندە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، قانداق خاراكتېردىكى مەسىلە بولسا، شۇنداق خاراكتېردىكى مەسىلە دېيىش كېرەك، ھەممىلا مەسىلىنى مىللىي مەسىلە دەپ قارىماسلىق كېرەك.

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەندە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئالاقىدار تارماقلار ۋە رەھبىرىي يولداشلار ئۆزلىرىنى قاچۇرماي، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى؛ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى، ۋاقىتنى كەينىگە سۈرمەسلىكى، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىشى لازىم.

(5) پارتىيىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھازىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتى ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى. چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى، چوقۇم غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى بۇرۇنقىدەكلا پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار 13-قۇرۇلتاينىڭ ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىپ، 13-قۇرۇلتاينىڭ روھى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

تۇرۇشى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى [illegible]
ئىلغار شەخسلەرنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلىشى كېرەك . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ، بۇ جەھەتتە ئۈنۈملۈك پىلان ۋە تەدبىر تۈزۈپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇش كېرەك . ئامما تۈزگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت يېزا قائىدىسى ۋە خەلق ئەھدىنامىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەم ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە بولغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا ۋە ئۇنىڭغا نام بېرىشتە يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ ، قاتتىق تەلەپ قويۇپ ، بۇ پائالىيەتنىڭ ساغلام، ئۇدۇللۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم .

(2) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىجرا قىلىش كېرەك

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى — دۆلىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ قانۇن . جايلار ۋە ئورۇنلار ھەقىقىي ئۈنۈم بېرىدىغان تەدبىر ۋە چارىلارنى قوللىنىپ ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ، توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك . ئاپتونوم رايون ، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىلەر ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشى لازىم . مىللىي يېزىلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .

كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش» ئۆلچىمى بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە دادىل ئىشلىتىش لازىم . جايلار ، ئورۇنلار كۆپ خىل ئۇسۇل قوللىنىپ ، خىزمەتتىكى كادىرلارنى پىلانلىق ۋە قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان باشقۇرۇش كادىرلىرىنى ۋە تېخنىكا كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ، ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن ، مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيىسىنى ، كەسپىي خىزمەت ئىقتىدارىنى ، ئىقتىسادىي خىزمەتنى باشقۇرۇش ، ئاممىنىڭ ئەمگىكى بىلەن بېيىشىغا رەھبەرلىك قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى لازىم .

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش كېرەك . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل- يېزىقىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى نەشرىياتچىلىق ، تارقىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك . ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر - بىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش ، ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش بويىچە تەدرىجىي ھالدا بىر يۈرۈش تۈزۈم ئورنىتىش ۋە شەكىللەندۈرۈش كېرەك .

ھەر قايسى مىللەتلەر بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا دائىم تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم . ئالاقىدار تارماقلار بىر مەزگىل ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، شىنجاڭغا يېڭىدىن كەلگەن ، جۈملىدىن شىنجاڭغا ۋاقىتلىق كېلىپ تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرگە بۇ جەھەتتە تەربىيە ئېلىپ بېرىشى كېرەك .

دىنىي زاتلار بىلەن كەڭ دىندار ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ زە[illegible]
[illegible]لارغا پىلانلىق ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسـ[illegible]

تەكشۈرۈشىمىز كېرەك. كېلەر يىلدىن باشلاپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىككىنچى ئون يىلدىمۇ ئۇدا مول ھوسۇل ئالىدىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك . ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا 1990-يىلغا بارغاندا ، شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە شىنجاڭ بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك . ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش شەرتى ئاستىدا ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى داۋاملىق ، مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ ، ئىجابىي ، پۇختا ، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ، بېكىنمىچىلىكنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىش ، قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك . ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ، كارخانىلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ ، كارخانىلاردىكى يوشۇرۇن كۈچنى قېزىپ ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك . ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ ، ئىگىلىكنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك .

شىنجاڭدا مەيلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا بولسۇن ياكى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ۋە باشقا تۈرلۈك ئىسلاھاتلاردا بولسۇن ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت چوڭ ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك . بارلىق ئىسلاھاتلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇشى كېرەك ، بۇ ، مۇھىم بىر پرىنسىپ .

مەدەنىيەت ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك . ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ۋە ئىدىيىۋى ، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك .

(4) مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم

مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە ياشىشى ۋە ئۆز ئارا بېرىش-كېلىش قىلىشى جەريانىدا بۇنداق ياكى ئۇنداق مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلۈشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ . بۇنداق مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك . بۇ جەھەتتە ناھايىتى كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق . بۇنىڭدىن كېيىن ، جايلار ، ئورۇنلار مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى داۋاملىق ھالدا مۇشۇ تەجرىبىلەرنى قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك .

ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكىگە قەتئىي ئىشىنىش ۋە تايىنىش كېرەك . شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ياخشى، ئۇلار پارتىيىنى ، سوتسىيالىزمنى ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ . ئۇلار ئەمگەكچان . ئاقكۆڭۈل ، سەمىمىي ، ئەقىللىق بولۇپ ، ئۇلاردا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان كۈچلۈك ئارزۇ بار . ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەر قانداق سۆز-ھەرىكەتلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ ، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ . ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان كىشىلەر ئىنتايىن ئاز ساندا،

يەنە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى، چوقۇم غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى بۇرۇنقىدەكلا پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار 13-قۇرۇلتاينىڭ ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىپ، 13-قۇرۇلتاينىڭ روھى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىمۇ تەكشۈرۈشى ، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىگەندە ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىمۇ خۇلاسىلىشى كېرەك .

پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يادروسى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئەزالىرى مەيلى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇشى، دوستلۇقتا ، چۈشىنىشتە ، قوللاشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئىتتىپاقلىقنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى يولغا قويۇشى لازىم . ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ياخشى يولغا قويۇلسا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر كۆرسەتكىلى ۋە باشلامچىلىق قىلغىلى، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ۋەكىل يولداشلار: 13-قۇرۇلتاينىڭ چاقىرىقىغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ تۇغى ئاستىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ۋە بۇ لۇشيەندە بەلگىلەنگەن بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە بولۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، 13-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى.

(«شىنجاڭ گېزىتى»دىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

ئېلانلار

△ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۇۋەت يېزىسىدىن زەيناپ روزى نامىدا 101-نومۇرلۇق ئىككى نوپۇسلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسى يوقالدى، ئىناۋەتسىز.

△ ۋىلايەتلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئابدۇقادىر نىياز نامىدا 14-نومۇرلۇق نوپۇس دەپتىرى يوقالدى ، ئىناۋەتسىز .

△ تەۋەككۇل ئاشلىق پونكىتىنىڭ 01232—29-نومۇرلۇق تراكتورىنىڭ يول يۈرۈش كىنىشكىسى يوقالدى ، ئىناۋەتسىز.